# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 1 ـ ئاي
5
سەيشەنبە
维吾尔文 1 月5日
25297 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1  تىيانشان تورى: www.ts.cn

## شى جىنپىڭ ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرناندېس بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرناندېس بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: زۇڭتۇڭ ئەپەندى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان، بىز تېلېفونلاشتۇق ھەم كۆپ قېتىم ئۆزئارا خەت ئەۋەتتىشىپ، جۇڭگو ـ ئارگېنتىنا مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق. يېڭى تېپىتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق كەسكىن سىناق بولدى. جۇڭگو ـ ئارگېنتىنا ئىككى دۆلەت خەلقلىرى يۇقۇم ئالدىدا جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە يۈكسەلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 2021 ـ يىللىق 1 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ئىمزالاپ

# پۈتۈن ئارمىيەگە مەشىق باشلاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 2021 ـ يىللىق 1 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ئىمزالاپ، پۈتۈن ئارمىيەگە مەشىق باشلاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

2021 ـ يىلى، پۈتۈن ئارمىيە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەربىي مەشىق يىغىنى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھەربىي مەشىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، دىققەتنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەربىي مەشىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىچە ھەربىي مەشىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، مەشىقتىكى ئەمەلىي ئۇرۇش سەۋىيەسى ۋە غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئەمەلىي ئۇرۇش ـ ئەمەلىي مەشىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق مەشىققە يېتەكچىلىك قىلىش، مەشىق ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي مىساللاشقان

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېسىپ تارقاتقان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ئۇل خاراكتېرلىك نىزام بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە تەلەپكە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «نىزام»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «نىزام»دا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىشنى ياخشى باشلايلى  قەدەمنى ياخشى ئالايلى

### ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەرلىك قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك

### چېن چۇەنگو قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى  شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەرلىك قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى زۆرۈر دەرسلىك، ئاساسىي ماھارەت قىلىپ، كۈچەپ ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، قەتئىي بوشاشماي، سىجىل كۈچەپ، قايتا ـ قايتا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەرغىبلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىقات ـ مۇھاكىمە پائالىيىتىنى دائىملىق قانات يايدۇرۇپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئۆگىنىش، ھەقىقىي چۈشىنىش، ھەقىقىي ئىشىنىش، ھەقىقىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان بىرىنچى يىل، شۇنداقلا پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

**ھەقىقانىيەت يولىدا ماڭغانلار يالغۇز قالمايدۇ، جاھاندىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى**

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن ④

3 ـ بەتتە

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

**يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى**

—— مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

4 ـ بەتتە

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 109 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 109 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا داۋالىنىش كاپالىتى فوندىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈمى سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى سودا ئىستېمالىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: داۋالىنىش كاپالىتى فوندى خەلق ئاممىسىنىڭ «كېسەل كۆرسىتىدىغان پۇلى» «جان قۇتقۇزىدىغان پۇلى»، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن داۋالىنىش كاپالىتى فوندىنىڭ بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## سىزنىڭ رول تۇتقان ھالىتىڭىز ھەقىقەتەن گۈزەل

سۆز ھەممىگە

☐ جاڭ بېي

بىر كەنتتىكى 95 ئائىلىنىڭ شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بېرىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەمما قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقان، ئەمدىلا نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن قاراقاش ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىش قالتىس يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېرىلگەن بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ، ئىختىيارسىز ھاياجانلاندىم: ئىلگىرى قازان بېشىنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان يېزا ئاياللىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بەس ـ بەستە رول تۇتۇپ بېيىش يولىغا ئاتلانغان قىياپىتى ھەقىقەتەن گۈزەل!

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا ـ كەنتلەردە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى، خاس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى كىچىك توپا يوللار ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى، كىچىك ئاپتوموبىللار ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى. كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ پىكاپ، يۈك ئاپتوموبىلى، موتوسىكلىتلار

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**شەرقىي تىيانشان تېغىغا قېزىپ كىرىش**

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قومۇل G575 تاشيولىنىڭ شەرقىي تىيانشان ئالاھىدە ئۇزۇن تونىلى قۇرۇلۇش مەيدانىدىكىلەر ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، قېزىش، جازا تىكلەش، بېتون قۇيۇش قاتارلىق ئىشلار تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇ تونېلنى ياساشنى ئۈستىگە ئالغان جۇڭگو قاتنىشى 1 ـ تاشيول قۇرۇلۇشى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىكى بارلىق خادىملار پۈتۈن كۈن ئىشلەش شەكلىنى قوللىنىپ، شەرقىي تىيانشانغا قېزىپ كىرىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا. شەرقىي تىيانشان ئالاھىدە ئۇزۇن تونېلى G575 تاشيولىدىكى تىزگىنلەش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11.77 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئوڭدىكى سۈرەت: ياسىلىۋاتقان G575 تاشيولى.

ئۈستىنكى سۈرەت: شەرقىي تىيانشان ئالاھىدە ئۇزۇن تونېلى قۇرۇلۇش نەق مەيدانى.

☐ **ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سەي زېڭلى فوتوسى**

新疆日报 | 石榴云 | 天山网 news www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团